جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

# ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنىڭ نۇرى دۇنيانىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى

## — جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقى پەيتىدە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
خې مىڭشۇ، شىي لىن، شاڭ جىڭ

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇڭگو خەلقى 14 يىل قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ تولۇق غەلىبە قىلغانلىقى جاكارلاندى، تىنچلىق نۇرى يەنە بىر قېتىم بىپايان زېمىننى يورۇتتى.

75 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرمەس ئىنتىلىشى بولدى. تەستە قولغا كەلگەن تىنچلىق نەتىجىلىرىنى قانداق قوغداش، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا قانداق تۈرتكە بولۇش ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق دۇچ كەلگەن دەۋر تېمىسىغا ئايلاندى.

«ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» جۇڭگو بەرگەن جاراڭلىق جاۋاب. تارىخ ئېقىمىغا ماسلاشقان بۇ جۇڭگو ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن كۆنسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ قول تۇتۇشۇپ توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشى، تەرەققىيات، گۈللىنىشنىڭ يېڭى كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى.

### قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ تارىخ يارىتىش

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش كۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو خەلقى بۇ كۈنى قەلبىدە مەھكەم ساقلىدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى بىرىنچى قېتىملىق تولۇق غەلىبىسى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ياپون مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئەنگلىيە «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلىنىڭ ماقالىسىدە باھا بېرىلىپ مۇنداق دېيىلدى: «جۇڭگونىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەشەددىي تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئاشۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەردە، جۇڭگو غايەت زور قۇربان بەردى».

### جۇڭگو ئىدىيەسىنى دۇنيادا ياڭرىتىش

ئۇرۇشنى ئەستە چىڭ ساقلاش تىنچلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر.

2013 - يىلى 3 - ئايدا، جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ رۇسىيە موسكۋا خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىنستىتۇتىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى «بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن» تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى تۇرغۇزۇشقا مۇراجىئەت قىلدى؛ 2017 - يىلى 1 - ئايدا، جەنۋەدىكى ۋەنگو سارىيىدا، رەئىس شى جىنپىڭ بۇ ئىدىيەنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ مۇنداق دېدى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئۇزاققىچە تىنچ، ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەر، ئورتاق گۈللەنگەن، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار پىلان ئەمەلىيىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى:

— جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە پائال قاتناشتى، جۇڭگوچە قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سۆزلىشىپ، كېڭىشىپ يەرشارى ۋە رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەرشارى خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا پائال قاتناشتى.

— كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم بەرپا قىلىنغان ئىككى تەرەپ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىدىن ئەتراپتىكى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگىچە، جۇڭگو - ياۋروپا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىدىن جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگىچە.

— جۇڭگو تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، يادرو بىخەتەرلىكى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، دېڭىز - ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

— زور بىر تۈركۈم «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىق تۈرلىرى ئەمەلىيلىشىپ مېۋە بەردى.

— ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى، «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى... بىر قاتار كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق يېڭى سۇپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى سىغدۇرۇشچان ۋە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش شەكلىدىكى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

موسكۋادىن جاكارتاغىچە، يەنچى كۆلى بويىدىن شىنزى كۆلى بويىغىچە، نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش ئىشتابىدىن جەنۋەدىكى ۋەنگو سارىيىغىچە، جۇڭگو رەھبىرىنىڭ ھەرقايسى سورۇنلاردا ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى شەرھلىشى ھامان كۈچلۈك ئورتاق سادا قوزغىدى. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش تەشەببۇسى كۆپ قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھۆججىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، ربئال ئەھمىيىتى ۋە دەۋر قىممىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

### تەقدىرداش بولۇپ كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش

75 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 75 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو قانداق قىلىپ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە نەتىجىسىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش، ھازىرقى كۆپ خىل خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم تەشەببۇس، كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشى، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەرشارى ئىدارە قىلىش قارىشى... جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە دەۋر تېمىسى دەل جايىدا ئىگىلەنگەن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈستىدە بوشاشماي ئىزدىنىلگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچ نامايان قىلىندى.

پاكىستان زۇڭتۇڭى ئارىف ئالۋى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى ھەمكارلىق، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ چىن مەنىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئارزۇ - تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىنى قاپلاپ، ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەت دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەيدان قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى كېرەك.

دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر كۆپ تەرەپچىلىكنى قەتئىي قوللاپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە نەتىجىسى ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. قاتمۇقات خىرىسلار ئالدىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقى تەقدىرداش بولۇش روھى بويىچە، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قول تۇتۇشۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭگەندە، ئاندىن ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ پارلاق، گۈزەل كەلگۈسىگە قاراپ ماڭالايدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

جاڭ داچۈەن:

# «ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تىببىي خادىملارغا قايتۇرۇلغان ئەڭ بەختلىك جاۋاب»

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

«ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بېقىڭ... سىز قىلالايسىز!». 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 - بىناسىنىڭ ئالدىدا، ICU3 ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جاڭ داچۈەن 82 ياشلىق بىر ئاغرىقنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۇنى ئاپتاپقا قالاندۇرۇۋاتاتتى، ئاربلاپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ نەچچە قەدەم ماڭغۇزاتتى.

بوۋاي يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغىرىق بولۇپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش جەريانىدا تۇيۇقسىز مېڭە تىقىلمىسى قوزغىلىپ قېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا بولغاچقا، خەتەردىن قۇتۇلغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىقتى، لېكىن ئۇ پاركىنسون يىغىندى كېسەللىك ئالامىتى قاتارلىق بەزى ئاساسىي كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاچقا، يەنىلا ICU ئاغرىقلار رايونىدا سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، بوۋاينىڭ ھەر كۈنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى پەسكە چۈشۈپ ئايلىنىش ئىدى. ھەر كۈنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش يەنى، ياتاق تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جاڭ داچۈەن بوۋاينىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ بىنادىن ئېلىپ چۈشەتتى، «ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تىببىي خادىملارغا قايتۇرۇلغان ئەڭ بەختلىك جاۋاب» دېدى ئۇ.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىن بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا كىرىپ، جاڭ داچۈەن بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى. ICU3 ئاغرىقلار رايونى 12 داۋالاش ئورنىدىكى 184 تىببىي خادىمدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپ، قانداق قىلغاندا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بۇ داۋالاش قوشۇنىنى ياخشى يېتەكلەپ، ئاغرىقلارنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇپ داۋالىغىلى بولىدۇ؟ جاڭ داچۈەن باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولدى.

قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا قاتناشقان دەسلەپكى بىر ھەپتىدە، جاڭ داچۈەن كېچە - كۈندۈز ئاغرىقلار رايونىدا ئىشلىدى. بىر ياشانغان ئاغىرىق دوختۇرخانىغا كىرىپ مەيدىسى سىقىلىپ نەپەسى يېتىشمىگەندە، ئۇنى دوم ياتقۇزۇپ نەپەس راۋانلاشتۇرۇش بويىچە داۋالىدى. ئۇ ئاغرىقنىڭ يېنىدا بىر كېچە تۇرۇپ، ئاغرىقنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسىنىڭ %90كە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. «كانايغا نەيچە سېلىشقا تەييارلىق قىلىڭلار!»، جاڭ داچۈەننىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن، ليۇ يەن، چېن دۇڭ قاتارلىق دوختۇرلار دەرھال ماتېرىياللارنى تەييارلىدى.

«مەن قىلاي، سىلەر ماسلىشىپ بېرىڭلار.» جاڭ داچۈەن ئالدى بىلەن ئاغرىقنىڭ كانىيىنى كېسىپ ئاچتى. «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىڭ جاراھەت مەشغۇلاتىدا يۇقۇملىنىش خەۋپى بار، مۇدىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن جەزمەن باشلامچى بولۇشۇم كېرەك.» جاڭ داچۈەن مۇنداق دېدى: «مېنىڭ كۆرگىنىم شۇ بولدىكى، بۇ كوللېكتىپتىكى ھەربىر ئادەم قىلچە قورقمىدى، كۆپچىلىك قوش قاتلىق پەلەي كىيىپ، كۆپ قېتىملىق چوڭقۇر ۋېنانى تېشىشنى دەل جايىدا تاماملىدى، قىلىن مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئاغرىقلارنى ئۆرۈپ دۈم ياتقۇزۇپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر قاتار يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش تېخنىكا مەشغۇلاتىنى قانات يايدۇردى».

«گەرچە دوختۇر - سېسترالار ئوخشاش بولمىغان دوختۇرخانا، ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، بىز چوقۇم ئاغرىقلارنىڭ بىرخىللاشقان داۋالاش لايىھەسىگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.» 30 نەچچە يىللىق ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە جاڭ داچۈەن دوختۇر - سېسترالاردىن ھەربىر ئاغرىقنىڭ دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ICU كەسپىي ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك دوختۇرلارنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا باشقا كەسپتىكى دوختۇرلارنى سەپلىدى، كۆپچىلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى؛ دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەڭشىگەن ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ ھەر قېتىملىق داۋالاش لايىھەسىنى ئۇ بىرىنچى ۋاقىتتا يەتكۈزدى، ئىجرا قىلدى؛ ياتاق تەكشۈرگەندە، ئۇ ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي سورىدى... قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتى ناھايىتى تېزلا ئىزغا چۈشتى، دوختۇر - سېسترالارمۇ بۇ مەيدان جەڭدە چېنىقتى.

«ئاغرىقلارنىڭ ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەنلىكىنى، پۇت - قوللىرىنىڭ ئاستا - ئاستا ماغدۇرغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىز مەخسۇس سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كەسپىي سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشقى بىلەن تەمىنلىدۇق.» جاڭ داچۈەن مۇنداق دېدى: خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي ياخشىلانغانلىقىنى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قەلبىمىز بەخت ۋە ئىپتىخارلىققا تولدى.

جاڭ داچۈەن ئىلگىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چەت ئەلگە ياردەم بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە، ئىشىك ئالدىدىلا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ. «مېنىڭمۇ 80 ياشقا كىرگەن ئانام بار، مەن ئاغرىقلارنى ئۆز قېرىندىشىمدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.» جاڭ داچۈەن ئانىسىغا ئۆزىنىڭ بىرىنچى سەپكە كېلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتمىدى، «بىز زەپەر قۇچۇپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىم ئانامنى يوقلاش» دېدى جاڭ داچۈەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

### پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىندى ھوسۇل ئاشتى

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارەك بازىرى شەھەر مەھەللە كەنتىدىكى بادام مول ھوسۇل باغچىسىدا، تېخنىكلار كەنت ئاھالىلىرىگە بادام پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، كەنت ئاھالىسى ئابدۇقادىر يۈسۈپ تېخنىكلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

ئابدۇقادىر ئائىلىسىنىڭ ئالتە مو باداملىقى بار بولۇپ، ئىلگىرى ئىلمىي پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى كەمچىل بولغاچقا، بادام ھوسۇلى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، كىرىمىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. «بىز پەرۋىش قىلىشنى بىلمىگەچكە، ھوسۇل ئاشمىغانىدى، ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا بىر مو يەردىن چىقىدىغان بادام 70 كىلوگىرامغىمۇ يەتمەيتتى، بۇ يىل ئوخشمايدۇ، مو بېشى ھوسۇلىنىڭ 100 كىلوگىرامدىن ئېشىشىدا گەپ يوق» دېدى ئابدۇقادىر ئىشەنچ بىلەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەكەن ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، 34 خىل سورت ئىچىدىن ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك، ھوسۇلدارلىقى يۇقىرى ئالتە خىل سورتنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ كېڭەيتتى. تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش ئارقىلىق بادام ئۆستۈرىدىغان ئائىلىدىكىلەرگە كۆزدە ئوغۇتلاش، ئەتىيازدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، بۇ يىلىلا 160 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ بادامچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەكى ياردەم پۇل مەبلىغى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلارنى جەلپ قىلىپ، 150 مىڭ ساندۇق ھەسەل ھەرىسى ئەكېلىپ چاڭلاشتۇرۇپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، يەكەن ناھىيەسى بادامنى ئاساس قىلغان 1 مىليون 360 مىڭ مو باغنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، 211 ئۈلگىلىك باغ ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇرۇپ، باغ ھوسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

«ھەربىر ئۆسۈش پەسلى ۋە پەرۋىش پەسلىدە، بىز كەنت ئاھالىلىرىنى نەق مەيداندا تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردۇق، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. 2018 - يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە بادام ئومۇمىي ھوسۇلى 54 مىڭ تونا، 2019 - يىلى ئومۇمىي ھوسۇل 72 مىڭ تونا بولدى، 2020 - يىلى ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ 86 مىڭ تونىغا يېتىپ، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 390 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئېشىپ، كىشى بېشى كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 550 يۈەن ئېشىشى مۆلچەرلەندى» دېدى يەكەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى جاڭ چياڭ.

### سۈپەتلىك ماركىلىق مەھسۇلات سېتىلدى پايدا ئاشتى

شەھەر مەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى روزىگۈل ئابدۇقادىر باداملىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنغاندا، سەل ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە، ئائىلىمىز ئۆستۈرگەن بادامنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، سېتىلىش باھاسىمۇ يۇقىرى».

روزىگۈل ئالتە مو يەرگە بادام ئۆستۈرگەن بولۇپ، ئىلگىرى بادام پىشقاندىن كېيىن، ئۆزى خېرىدار ئىزدەيتتى، بەزىدە سېتىشقا ئالدىراپ، ئامالسىز تۆۋەن باھادىلا سېتىۋېتەتتى.

«2018 - يىلدىن بۇرۇن بىر كىلوگىرام بادامنى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 25 يۈەنگىلا ساتقىلى بولاتتى، بەزىلىرىنى ساتالمىساق ئېلىپ قېلىپ ئۆزىمىز يەيتتۇق ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئاپىرىپ بېرەتتۇق. بۇ بىرنەچچە يىلدا سىياسەت ياخشى بولغاچقا، بادامنى دەرىجىگە ئايرىپ ساتتۇق، بۇلتۇر ھەر كىلوگىرام بادامنى 30 يۈەندىن ساتتۇق» دېدى روزىگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

تولۇق سېتىۋېلىش ئارقىلىق دېھقانلارغا «خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى» بېرىش بىلەن بىللە، يەكەن ناھىيەسى يەنە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سۈپىسىغا تايىنىپ، شاڭخەيدىكى تۆت ئورۇندا يەكەننىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلدى ھەم كۆپ نۇقتا، كۆپ لىنىيە ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا كەڭ كۆلەمدە سېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇ جاي بەرپا قىلغان «يەكەن بادىمى» سۈپەتلىك ماركىسى «دۆلەت جۇغراپىيەلىك بەلگە قوغدىلىدىغان مەھسۇلاتى»غا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىنىپ، بازار رىقابەت كۈچى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى.

### ئىنچىكە پىششىقلاندى چەت ئەللەرگىچە سېتىلدى

8 - ئاينىڭ ئاخىرى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ناھىراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شياۋفېڭ يېزا ئىگىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشچىلار بىر تۈركۈم بادام يېغى زاكازىنى ئالدىراش تەييارلاۋاتاتتى.

«بىز 2018 - يىلى رويخەتكە ئالدۇرۇپ بۇ يەرگە ماكانلاشتۇق، بۇلتۇر ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىدۇق، نۆۋەتتە پىششىقلاۋاتقان مەھسۇلاتلىرىمىزدىن بادام يېغى، بادام ئۇزۇقلۇق تالقىنى، بادام سوقمىقى قاتارلىقلار بار. 20 يېزا - بازاردا سېتىۋېلىش نۇقتىمىز بار، زاۋۇتتىكى 200گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىكى دېھقانلار» دېدى شىنجاڭ شياۋفېڭ يېزا ئىگىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلى جاڭ چياڭ.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ شياۋفېڭ يېزا ئىگىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىگە ئوخشاش بادامنى چوڭقۇر پىششىقلايدىغان بۇنداق كارخانىلار يەكەن ناھىيەسىدە بارغانسېرى كۆپەيدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، يەكەن ناھىيەسى ئۆستۈرۈش، سېتىۋېلىش، چوڭقۇر پىششىقلاشنى بىر گەۋدە قىلغان بادامچىلىق كەسىپ زەنجىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، بادامچىلىق كەسپىنى يىرىكلىكتىن ئىنچىكە پىششىقلاشقا ئۆزگەرتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە بادام يېغى، بادام سۈتى، بادام شاكىلاتى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر پىششىقلاش كارخانىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، 68 كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەشكىللەپ قۇرۇلۇپ، 262 باغۋەنچىلىك كەسپىي كەنتى، 120 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

2019 - يىلى، يەكەن ناھىيەسى سەيمى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى 3500 تونا بادام سېتىۋېلىپ، سۈت تەملىك بادام، تۇزدا قورۇلغان كاۋاۋىچىن تەملىك بادام، بادام سۈتى قاتارلىق ئون نەچچە خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقاردى، سېتىش سوممىسى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇقاھار ئادىل مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى سۈپىسى ئارقىلىق مەھسۇلاتلىرىمىزنى تيەنجىن، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا ساتىمىز، سېتىلىش مىقدارى ئاشتى، پايدىمىزمۇ كۆپەيدى. بۇ يىل سېتىۋېلىش مىقدارىنى 5000 تونىغا كۆپەيتىپ، 100 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلىدۇق».

ئىگىلىنىشچە، نۆۋەتتە يەكەن ناھىيەسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بادام تالقىنى، بادام سۈتى، بادام ھارىقى قاتارلىق نەچچە ئون خىل ھاسىلىي مەھسۇلات ياپونىيە، پاكىستان، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)